ان الدين عند الله الاسلام

«ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر»

ئىسلام ئەقىدىلىرى

مۇھەممەد مەتتۇرسۇن

بۇ كىتاب ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

بسم الله الرحمن الرحيم

اَلحَمدُ لِلّٰهِ الَّذِي هَدَانَا لِهٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهتَدِيَ لَولَا أَن هَدَانَا اللّٰه
وَالصَّلَاةُ وَالسَّلَامُ عَلَى رَسُولِ اللّٰهِ وَآلِهِ وَصَحبِهِ وَمَن وَالَاهُ

ھايات ـ ئىمان ۋە كۆرەش دېمەكتۇر . يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئىنساندۇر . ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۇنىڭ قەلبىدۇر . قەلبتىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر . ئىمان بىلەن بېزەلگەن قەلب گۈلىستانغا ، ئىماندىن خالىي قالغان قەلب خارابىگە ئوخشاشتۇر ، ئىماننىڭ ئىپتىداسى ئاللانى تونۇش ، ئىماننىڭ جەۋھىرى ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر .

ئاللاغا بولغان ئىماننى ۋە ئىماننىڭ ۋاجىباتلىرىنى تولۇق قىلماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى ، قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولۇپ ، ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ . چۈنكى ئىمان كامىل ، ۋە ئېتىقات توغرا بولماستىن قىلغان ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىكاردۇر . ئاللاغا لايىقىدا شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا بەندىچىلىكنى ئادا قىلىپ ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن توغرا ئېتىقاتلارنى ئۆگىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر .

ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاللاغا قىلغان ئىخلاسى ۋە موھەببىتىمۇ ، ئاللانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولمايدۇ . چۈنكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق بىر سىستېمىسى بولىدۇ ، ئىخلاسنىڭ ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ سىستېمىسى ، بولارنىڭ توغرا ئېتىقات بىلەن قىلىنىشىدۇر ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە « ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئىبادىتى ۋە ياخشى ئەمەللىرى مەقبۇل بولمايدۇ ، ئەگەر ئۇ ، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى ئاللانىڭ يولىغا سەرپ قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېتىقادى توغرا بولمايدىكەن ئاللانىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى يوقتۇر يەنى مەقبۇل بولمايدۇ » دەيدۇ . سوپى ئاللايار بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەچكە ، ئۇ ، مۇنداق دېگەن « ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر ، ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر » .

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئازساندىكى بەزى دىنىي كىتابلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، دىنىمىزدىكى ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە ئائىت ئۇيغۇرچە بىرەر كىتابنىڭ بولمىغانلىقى توشقۇزۇشقا تېگىشلىك بىر بوشلۇق ئىدى ، مەملىكەتتە بولغان جەريانىدا دوستلىرىمنىڭ سورىغان سوئاللىرىمۇ ئاساسەن ئېتىقات مەسىلىلىرىدىن بولدى ، شۇڭا قۇرئان ۋە ھەدىسكە مۇۋاپىق بولغان بىرەر ئەقىدە كىتابى يېزىپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم .

مانا بۈگۈن ئاللا مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئوخشايدۇ ، دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى نىيەت قىلغان ئىكەنمەن . ئىشنى ئىپتىداسىدىن يەنى ئۇلىنىڭ

دىنى ئېتىقادلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشنى باشلاشنى ئەڭ مۇناسىپ كۆردۈم . چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ دىنىمىزدىكى توغرا ئېتىقادلارغا ئىگە بولۇشقا بولغان ئېھتىياجى ھەممە ئېھتىياجدىن يۇقىرى بولغانى بىردىن بىر زور ئېھتىياجدۇر .

بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا «العقائد الاسلامية» ، «التوجيهات الاسلامية» ، «الايمان» ، «العقيدة الصحيحة» ، «عقيدة المؤمن» ، «منهاج المسلم» ، «هذا دىننا» ، «عقائد ضرورية» قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلاندىم .

ئەستە قالدۇرۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن (س-ج) سوئال-جاۋابلىق قىلىندى ۋە مۇمكىن قەدەر مەزمۇنلارنى قىسقارتىپ ، ئىخچام سىستېمىلىق بولۇشىغا تىرىشتىم .

«ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ ھەر قانداق مۇسۇلمان ئائىلىسىدە بىر نۇسخىدىن ساقلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن . يەنە «ئىسلامدىكى ئىبادەتلەر» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن .

«ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتابنى بەزى خاتالىقلار ۋە تولۇق سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ . كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ۋە تۈزىتىش بېرىشلىرىنى سورايمەن .

ياخشىلىقتىن ئىش-ئىزىم يوق ، ئۆمرۈم ئۆتتى ۋەيران بولۇپ ،
ئوقۇغاندىن نەپ بولمىدى ، چۈللەر ئارا سەرسان بولۇپ .
بۇ سەۋەبتىن دەردىم كۆپ ، يۈرىكىمدە دەرت-ئەلەم ،
ياخشىلىققا ۋىسال ئىزدەپ ، قولغا ئالدىم مەن قەلەم .
نەسىپ بولدۇم بۇ ئەسەرگە ، ئۆزۈم ئاسىي-گۇناھكار ،
رەھمىتىدىن ئول خۇدانىڭ ، دىلدا تۈگىمەس ئۈمىد بار .
تاپقىنىم گۈل كەلتۈرەر ، تاپالمىدىم بىر خوش پىيار ،
ئەڭ دېمەيمەن بۇ ئۈزۈچىغا ، تاپقانلىرىم بەكمۇ ئاز .
شۇڭلاشقىمۇ ھىممەت قىلدىم ، تىرىشىپ دەسسەم ئەرزىمەس ،
خەلقىم ئۈچۈن تەرتىپلىسەم شۇ كۇپايە بولدى - بەس .

مۇھەممەد مەتتۇرسۇن

ئىستانبۇل - تۈركىيە
1995 - 27 - يانۋار

مۇزاكىرە

بىرىنچى باب، ئىسلام ۋە ئىمان

ئىسلام دېگەن نېمە؟

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ئىمان دېگەن نېمە؟

ئىماننىڭ ئاساسلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

ئىسلام كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلامدۇ؟

ئىمان كامىل ۋە زىيادە بولامدۇ؟

ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

ئىماننىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

ئىماننىڭ مېۋىلىرى قايسىلار؟

ئىمان ۋە ئىسلام ھەققىدە كىشىلەردە يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار قايسىلار؟

ئىسلامغا بويسۇنىدىغان بەدەندىكى ۋاقىتتا ئاسار قايسىلار

زاكاتنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

روزىنىڭ كەيفىيىتى نېمە؟

ھەج كىملەرگە پەرز؟

ئىككىنچى باب ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھنى كىم ياراتقان؟

ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەلىل ئىسپاتقا مۇھتاجمۇ؟

ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئۇسۇللىرى نېمە؟

ئاللاھنى ئەقىل بىلەن قانداق تونۇيمىز؟

ئاللاھنى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن قانداق تونۇيمىز؟

ئاللاھقا قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللاھنىڭ كامال سۈپەتلىرى قايسىلار؟

ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللاھنىڭ ئالىملىقىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللاھنىڭ قادىرلىقىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللاھنىڭ ئىختىيار قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللاھنىڭ كۆرگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ئاللانىڭ ئاچچىقلىغۇچى شېرىك ئىكەنلىكىگە قانداق ئىسپات كەلتۈرىسىز؟

ئاللانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟

ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

ئاللاغا قانداق ئىبادەت قىلىمىز؟

ئېھسان دېگەن نېمە؟

ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت قايسى؟

تەۋھىد دېگەن نېمە؟

تەۋھىد رۇبۇبىيە دېگەن نېمە؟

تەۋھىد ئۇلۇھىيە دېگەن نېمە؟

تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات دېگەن نېمە؟

تەۋھىدنىڭ پايدىسى نېمە؟

تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

شېرىك دېگەن نېمە؟

شېرىكنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

شېرىكنىڭ زىيىنى نېمە؟

ۋەسىلە دېگەن نېمە؟

بۇيرۇلغان ۋەسىلەر قايسىلار؟

مەنئى قىلىنغان ۋەسىلەر قايسىلار؟

ئاللاغا دۇئا قىلىش بىرەر مەخلۇقنىڭ ئىستىغاسىغا موھتاجمۇ؟

ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەققىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەق قايسى؟

ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى قانداق دوست تۇتىمىز؟

قانداق قىلغاندا ئەمەل-ئىبادەتلەر مەقبۇل بولىدۇ؟

قانداق قىلغاندا تەۋبە مەقبۇل بولىدۇ؟

ئىسلامدا جىھاد قىلىش نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

ئۈچىنچى باب پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنچ كەلتۈرۈش

پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كېلەمدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش نېمە بىلەن بولىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق دوست تۇتىمىز

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئىبادەتمۇ ؟

تۆتىنچى باب پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشتىلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

پەرىشتىلەرنىڭ ئوزۇقى نېمە ؟

پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى نېمە ؟

جىنلار قانداق ياشايدۇ ؟

شەيتان قانداق مەخلۇق ؟

شەيتاننىڭ خاراكتېرى نېمە ؟

شەيتان قانداق ئادەمنى ئازدۇرالايدۇ ؟

بەشىنچى باب ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن ئارتۇقلۇقى نېمە ؟

ئالتىنچى باب قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

قازا ۋە قەدەر دېگەن نېمە ؟

قازا ۋە قەدەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى نېمە ؟

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نېمە ؟

ھىدايەت ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھدىنمۇ ؟

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب تۇتۇشقا زىت كېلەمدۇ ؟

توغرا يولغا ماڭماسلىق ۋە يامان ئىشلارنى قازا ۋە قەدەردىن كۆرۈش توغرىمۇ ؟

يەتتىنچى باب قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش قانداق ھەيئەتتە بولىدۇ ؟

قەبرىدىكى تىرىلىشكە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

قەبرىدە نېمە دەپ سورىلىدۇ ؟

قەبرىنىڭ ئازابى كىملەر ئۇچرايدۇ ؟

بەرزەخ ئالىمى دېگەن نېمە ؟

قىيامەت قاچان بولىدۇ ؟

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار ؟

قىيامەت قانداق باشلىنىدۇ ؟
بەئىس دېگەن نېمە ؟
ھەشىر دېگەن نېمە ؟
ھېساب دېگەن نېمە ؟
جازا دېگەن نېمە ؟
سىرات دېگەن نېمە ؟
جەننەت قانداق جاي ؟
جەھەننەم قانداق جاي ؟
جەننەت ، دوزاخ مەڭگۈلۈكمۇ ؟

(بۇ بىرىدە تامام)

~~[illegible] باب ماتائاللاھ [illegible] ئاللاھقا [illegible]~~
~~[illegible]~~
~~ئىلىم ۋە ئىسلام~~
~~ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئېتىقاد قىلمىغان كىشىنىڭ ئىسلامنى تونۇغانلىقى~~
~~ئىلىم ئۆگىنىش پايدىسى ؟~~
~~ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى قانداق دوست تۇتىمىز ؟~~
~~قانداق ئەمەللەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدۇ ؟~~
~~قانداق ئەمەللەر تەۋبە مەقبۇل بولىدۇ ؟~~
~~ئىسلامدا [illegible] نېمە [illegible] بويىچە ؟~~

بىرىنچى باب ئىسلام ۋە ئىمان

س: ئىسلام دېگەن نېمە؟

ج: ئىسلام — ئاللاغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش، يەنى تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن دىن ئىسلام دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرىدىكەن (يەنى ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللا ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ.»

(سۈرە بەقەرە 112 - ئايەت)

س: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 — ئاللادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش.

2 — ھەر كۈنى بەش ۋاقىت نامازنى ئىسلامدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3 — يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

4 — پۇل - مال زاكاتى بېرىش (ئۆلچەمگە يەتسە يىلدا بىر قېتىم پۇل - مالنىڭ زاكاتىنى ئايرىش).

5 — ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، قۇدرىتى يەتسە ئۆمرىدە بىر قېتىم بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش.

يۇقىرىدىكى بەش چوڭ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلغان كىشى مۇسۇلمان دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام — ئاللادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزە تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللانى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت.»

(ھەدىس شەرىف)

س: ئىمان دېگەن نېمە؟

ج: ئىمان — دىلدا ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەل ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان — ئارزۇ قىلىش بىلەن ياكى زىننەت قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ دىلدا ئورۇن ئالغان، ئەمەل ئۇنى ئىسپاتلىغان نەرسىدۇر».

(ھەدىس شەرىف)

س: ئىماننىڭ ئاساسلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ئىماننىڭ ئاساسلىرى ئالتە بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 — ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش.

2 — ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش،

3 — ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

4 — ئاللاھنىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

5 — قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش،

6 — ياخشىلىق — يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

يۇقىرىدىكى ئالتە ئىمانغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئەمەل قىلغان كىشى مۆمىن دېيىلىدۇ.

ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ».

(سۈرە نىسا 136 — ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان — ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق — يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا ئىشىنىپ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت».

(ھەدىس شەرىف)

س: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

ج: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرى بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىرى — بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان زەنجىر باغلىنىشتۇر.

ئىسلام دېمەك — ئىمان ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. چۈنكى ئىمان — ئېتىقادتا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمەل — شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئېتىقاد ۋە شەرىئەت ئىككىسى بىرلىكتە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا قۇرئاندا ھەمىشە ئىماننى ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرگە بايان قىلىنغان.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن

ئاللا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ».

(سۈرە مەريەم 96 - ئايەت)

ئاللا ئاخىرەتتىكى ئازابىشىنىڭ پەقەت ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ».

(سۈرە كەھف 107 - ئايەت)

س: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

ج: ئىسلام دىنىغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىقرار قىلىش ئارقىلىق كىرىدۇ.

س: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

ج: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى: «ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد دەرۋەقە) يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى پەيغەمبىرى» دېگەنلىكتۇر. بۇ كەلىمە تەييىبە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلىمە بولغاچقا، ئىسلام دىنىغا كىرىشتە دەسلەپ مۇشۇ كەلىمە تەييىبە ئوقۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كەلىمە تەييىبە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ دېسە، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە جېنى قوغدىلىدۇ، ئۇنىڭ (ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنىڭ) ھېسابى ئاللاغا دۇر».

(ھەدىس شەرىف)

س: قانداق كىشى ھەقىقىي مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ؟

ج: يۇقىرىدىكى 6 ئىمانغا چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئاندا كەلگەن ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان غەيبىيلەرگە ئىشىنىپ، ھەممىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىدا سابىت بولغان بۇيرۇق ئەھكاملارغا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر ھەقىقىي مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ.

ئاللا ھەقىقىي مۇئمىنلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر».

(سۈرە ھۇجۇرات 15 - ئايەت)

س: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلامدۇ؟

ج: ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا مەجبۇرى ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتىكى بىردىنبىر يولى، ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تولۇق بايان قىلىش، ئىسلامنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىمنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش ۋە تەۋسىيە بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنى خالىسا ئۇنى قوبۇل قىلىش، خالىسا تەرك ئېتىش ئىختىيارى بىلەن ئۆز ھالىغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق. «قۇرئانغا ئىشەنگەنلار ياكى ئىشەنمىگەنلار (بۇ سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار) دېگىن». (سۈرە ئىسرا 106-ئايەت)

يەنى خالىساڭلار ئىشەنگەنلار، خالىساڭلار ئىشەنمەڭلار، سىلەرنى ئىشەنمەسلىككە مەجبۇرلاش يوق دېمەكتۇر. ھەقىقىي ئىماننى ھاسىل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى پەقەت ھۆر پىكىر قىلىپ، ئەركىن تونۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ ھەقىقەتكە ئىتائەت بىلەن بويسۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاننىڭ بايانىدىن كېيىنلا «ئىشەنگەنلار ياكى ئىشەنمىگەنلار دېگىن» دەيدۇ.

ئىسلام ھېچبىر ۋاقىتتا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان ئەمەس ۋە قەتئىي مەجبۇرلىمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى بىر نەرسىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئېسىللىكى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ئىلغارلىقىدۇر! مەزكۇر قانۇندىكى قائىدە ئەرەبنىڭ قائىدىسىدىكى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئىقبال قىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. قايىل قىلالىسا، ئۇ ئاندىن ئىقبال قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولالايدۇ.

مانا بۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ قائىدە بىرسىدۇر. «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى تاغۇتنى (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇدلارنى) ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». (سۈرە بەقەرە 256-ئايەت)

قۇرئان، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان چاغدىمۇ، ئۇلارنى دىنغا كىرىشكە زورلاشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا ئۇنى (جېنى-مېلى) ئامان ساقلىنىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن». (سۈرە تەۋبە 6-ئايەت)

يەنى ئاللاھ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى دىنغا، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئەگىشىشكە دېگەن دېمەستىن بەلكى ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىپ، ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىگە سالامەت يەتكۈزۈشكە ئەمر قىلىدۇ.

سو: ئىمان قانداق زىيادە بولىدۇ؟

ج: ئىمان كامىل زىيادە بولىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە زىيادىلىشىدۇ. ئاللاھنى ئۇنتۇش بىلەن ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىمان ئاجىزلىشىدۇ ۋە ناقىسلىشىدۇ.

«ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دە پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر».

(سۈرە ئەنفال 2-ئايەت)

«ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دە مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى».

(سۈرە فەتھ 4-ئايەت)

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمانى ئەڭ كامىل كىشى، ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر».

(ھەدىس شەرىف)

سو: ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

ج: ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1- ئىلىم، چۈنكى ئىلىم ئاللاھنى تونۇشقا، ئىتائەتنى كۈچەيتىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلىم توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ».

(سۈرە زۇمەر 9-ئايەت)

«ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دە ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ».

(سۈرە فاتىر 28-ئايەت)

2- ئەمەل، چۈنكى ئەمەل ئاللاھ بىلەن بولغان يېقىنلىقنى ئېچىش يېقىنلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئىماننى كۈچەيتىدۇ.

3- ئاللاھنى ياد ئېتىش، چۈنكى ئاللاھنىڭ كامىل سۈپەتلىرىنى، كائىناتتىكى قۇدرەتلىرىنى ياد ئېتىش كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىماننى كۈچەيتىدۇ ۋە ئەقىدىسىنى ئاشۇرىدۇ. قۇرئان ئوقۇش ئاللاھنى ياد ئېتىشكە كىرىدۇ.

ئەبۇ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن، كىشى دە ئىمان زىيادە كام بولىدۇ» دېگەندە باشقىلار «زىيادە كام بولسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا «ئاللاھنى ياد ئەتسەك، ئۇنىڭغا ھەمدۇ-سانا ئېيتساق ئىمانىمىز زىيادە بولغىنى، ئەگەر ئاللاھنى ئۇنتۇساق، ئۇنىڭدىن غاپىل بولساق بۇ ئىماننىڭ كېمەيگىنى» دېگەن.

4 - ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قۇدرەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، قۇرئاندا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋە ئويلىنىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. پىكىر يۈرگۈزۈش ئاللاھنى تېخىمۇ تونۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھنى تونۇش ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

س: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

ج: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1- ئەخلاق. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ~~ئىماننىڭ~~ ئىماننىڭ كامىللىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن». (سۈرە قەلەم)

~~(سۈرە قەلەم 4 - ئايەت)~~

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر». (ھەدىس شەرىف)

([illegible])

2 - ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى ۋە بۇ سۆيگۈنىڭ كىشىنىڭ پۈتۈن پىئىلى، ھەركىتى ۋە گەپ سۆزىدە ئىپادىلىنىشى ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىسلەت بولسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ۋە تەمىنى تېتىغان بولىدۇ، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ھەر قانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى، دوست تۇتسا ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇشى، يامان كۆرسە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈشى، ئىماندىن يېنىپ كېتىشنى ئوتقا تاشلانغاندەك يامان كۆرۈشى».

(ھەدىس شەرىف)

3 - ئاللاھدىن قورقۇش. ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان كىشى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى تونۇيدۇ. ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدۇ. ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىمىگەنلىكىنى تونۇيدۇ. مانا بۇلار ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ».

(سۈرە فاتىر 28 - ئايەت)

4 — قەلبنى پاكلىغان، ھاياتنى گۈللەندۈرگەن ياخشى ئەمەللەر ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە كەلتۈرۈلگەن، چۈنكى ئىمان ئەگەر ياخشى ئەمەللەردىن خالى بولۇپ قالسا، ئۇ نە مېۋىسىدىن نە سايىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان پايدىسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق دەرەخ ئوتۇن بولۇشقا لايىقتۇر. ئىمانسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرمۇ رىيا، نىفاقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ».

(سۈرە كەھف 107-ئايەت)

س: ئىماننىڭ مېۋىلىرى قايسىلار؟

ج: ئىماننىڭ مېۋىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما بىز تۆۋەندە بىر قانچىسىنى كەلتۈرىمىز:

1 — ئىمان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. كائىناتتىكى ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇق ئىنساندۇر، ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۇنىڭ قەلبىدۇر. قەلبتىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىر ئىنساننى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ».

(سۈرە يۇنۇس 9-ئايەت)

2 — ئىمان كىشىنى باشقىلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازات قىلىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى كىشىگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈش، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈشنى پەقەت بىر ئاللاھنىڭ قولىدا دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر»».

(سۈرە تەۋبە 51-ئايەت)

3 — ئىمان مۆمىنلەرنى دۈشمەنلىرىگە غالىب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ ۋە دۈشمەنلىرىگە غالىب قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى».

(سۈرە رۇم 47-ئايەت)

4 — ئىمان كىشىدە قانائەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ

ھەقىقىتى.

رىزىق بەرگۈچى ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھدىن باشقا رىزىق بەرگۈچى يوق، ئاللاھ كەلگەندە رىزىقنى توسۇپ قالغۇچى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئۆزىنىڭ ھېكمىتى بويىچە) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ».

(سۈرە رەئد 26 - ئايەت)

5 - ئىمان كىشىگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى دۇنيادا تۇرغۇن كىشىلەر زۇلۇملارغا ئۇچرايدۇ، لېكىن ئىنتىقام ئالالمايدۇ، ياكى زىيان تارتىدۇ، ئۇنىڭ بەدىلىنى كۆرەلمەيدۇ. ئىمان ئۇلارنى، ئۇلار زالىملاردىن ئىنتىقامنى ئېلىپ بېرىدىغان، زىيانلىرىنى يانغا ئالدۇرۇپ بېرىدىغان ئادالەتلىك ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە ئىشىنىپ خاتىرجەم، تەمكىن ھالدا ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

6 - ئىمان كىشىدە ھەرقانداق بالا - قازا ۋە مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغاندا تەۋرەنمەيدىغان، چىداملىق ئىرادىنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى باشقا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. قېيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاسانچىلىقى بار دەپ چىن ئىشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

7 - ئىمان كىشىنىڭ مەنىۋى كۈچىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئۇنى ئالىي پەزىلەتلەرگە يېتىشتۈرىدۇ، چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر.

س: ئىمان ۋە ئىسلامدىن چېكىنىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

ج: ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىش.

2 - ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

3 - ئەمەل - ئىبادەتنى ياكى دۇئانى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش.

4 - غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھىبىگە ۋە تۇتقان يوللىرىغا رازىلىق بىلدۈرۈش.

5 - باشقىلارنىڭ يولىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

6 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ياكى مەسخىرە قىلىش.

7 - قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىس بىلەن سابىت بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش.

8 - مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىش.

9 - سېھىرگەرلىك قىلىش ياكى سېھىرگە ئىشىنىش.

10 - باشقا قانۇنلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئەۋزەل بىلىش.

11 - ئېغىزىدا ئىسلامنى سۆزلەپ تۇرۇپ دىلىدا ئىشەنمەسلىك ياكى شەك قىلىش.

12 — ئىسلام تەلىماتلىرىنى يېزىپ ئۆگىتىش.

13 — اللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا رازى بولماسلىق.

14 — داجاللار، كاھىنلارنىڭ غەيبدىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى داجال، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسە، ئۇ مۇھەممەدكە كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ» دېگەن.

س: ئىسلامدا بىر كۈندە بەش ۋاقىت ناماز قايسىلار؟

ج: ئۇلار: بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن.

س: ناماز بامداتنىڭ رەكئەتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ناماز بامداتنىڭ رەكئەتلىرى 4 بولۇپ، ئۇلار 2 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت سۈننەتتۇر. بامداتنىڭ سۈننىتى، ئۇنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ.

س: ناماز پېشىننىڭ رەكئەتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ناماز پېشىننىڭ رەكئەتلىرى 10 بولۇپ، ئۇلار 4 رەكئەت پەرز، 6 رەكئەت سۈننەتتۇر. 6 رەكئەت سۈننەتنىڭ 4 رەكئىتى پەرزىدىن بۇرۇن، 2 رەكئىتى پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

س: ناماز ئەسىر قانچە رەكئەت ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ناماز ئەسىر 8 رەكئەت بولۇپ، 4 رەكئەت پەرز ۋە 4 رەكئەت غەيرى مۇئەككەدە[1] سۈننەتتۇر. سۈننەت پەرزىدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ.

س: ناماز شام قانچە رەكئەت ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ناماز شام 5 رەكئەت بولۇپ، 3 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت سۈننەتتۇر. شامنىڭ سۈننىتى پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

س: ناماز خۇپتەن قانچە رەكئەت ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ناماز خۇپتەن 4 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت سۈننەت ۋە ئۈچ رەكئەت ۋىتىردىن ئىبارەتتۇر. خۇپتەننىڭ سۈننىتى پەرزىدىن كېيىن، ۋىتىر ئۇنىڭ كېيىن ئوقۇلىدۇ.

اللاھ ناماز توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار نامازلىرىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەت قىلىنغۇچىلاردۇر» (سۈرە مەئارىج 34 - 35 - ئايەتلىرى)

اللاھ نامازنىڭ يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى تەئدىل ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن

① غەيرى مۇئەككەدە — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئوقۇپ بەزىدە تاشلىغان سۈننەت.

ئۇ گۇناھلاردىن توسىدۇ».

(سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى توغرى بىلەن گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «دە: سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر بىرەرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆستەڭ بولسا، ئۇ ئۆستەڭدە ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ (ساھابىلار) ياق، ھەرگىزمۇ كىر قالمايدۇ دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەش ۋاقىت ناماز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، ئاللا بەش ۋاقىت ناماز بىلەن خاتالىقلارنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ».

(ھەدىس شەرىپ)

بولاردىن باشقا ناماز توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

س: قانداق كىشىگە زاكات پەرز بولىدۇ؟

ج: پۇل ـ مېلى، ئاشلىق ـ زىرائەتلىرى شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن زاكات ئۆلچىمىگە يەتكەن، ھەر قانداق مۇسۇلمانغا زاكات پەرزدۇر. زاكات يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ.

س: زاكاتنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

ج: زاكاتنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئاشلىق ـ زىرائەت:

ئاشلىق، زىرائەتنىڭ ئۆلچىمى 612 كىلو بولۇپ، يامغۇر بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەتتىن 10% زاكات ئېلىنىدۇ. سېھنەت بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەتتىن 5% زاكات ئېلىنىدۇ.

2 ـ ئالتۇن كۈمۈشنىڭ ۋە قەغەز پۇلنىڭ ئۆلچىمى؟

ئالتۇننىڭ ئۆلچىمى 20 مىسقال خام ئالتۇن بولۇپ، بۇ ئۆلچەمگە يەتمىسە زاكات كەلمەيدۇ.

كۈمۈشنىڭ ئۆلچىمى 20 مىسقال خام ئالتۇن بىلەن ئۆلچىنىدۇ، كۈمۈش بۇ ئۆلچەمگە يەتمىسە زاكات كەلمەيدۇ.

قەغەز پۇل ئالتۇننىڭ باھاسىغا سۇندۇرۇلىدۇ. يەنى 85 گرام ئالتۇن كەلگۈدەك پۇلى بار كىشىگە زاكات پەرزدۇر. يىغقانلىرىدىن 2½% (يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت) زاكات ئېلىنىدۇ. ھازىرقى زاماندا زاكاتنىڭ ئۆلچىمى ئالتۇن بىلەن ئۆلچىنىدۇ، كۈمۈش بىلەن ئەمەس.

د ـ تىجارەت مېلى:

تىجارەت مېلى، ئالتۇننىڭ باھاسىغا سۇندۇرۇلۇپ 2½% زاكات ئېلىنىدۇ.

ئاللا زاكات توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر سىلەر ئىشلىگەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار».

(سۈرە بەقەرە 267-ئايەت)

زاكات توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپتۇر.

س: زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

ج: زاكات سەككىز خىل كىشىگە بېرىلىدۇ. ئۇلارنى ئاللا قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكاتقا خادىملارغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر»

(سۈرە تەۋبە 60-ئايەت)

س: زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟

ج: زاكات، بالىلارغا، زاكات بەرگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە، غەيرى مۇسۇلمانلارغا بېرىلمەيدۇ.

س: روزىنىڭ كەيپىياتى نېمە؟

ج: روزى، رامىزان ئېيىدا سۇبھىدىن باشلاپ نىيەت بىلەن تا كۈن كۈن پاتقىچە يېمەك - ئىچمەكنى، جىماسنى تەرك ئېتىش دېمەكتۇر.

س: روزى كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟

ج: روزى، بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر، سەپەردە بولۇپ قېلىش ياكى كېسەل سەۋەبىدىن تۇتالمىغانلار كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ.

روزى ھەققىدە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن) سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».

(سۈرە بەقەرە 183-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامىزاننى ئىمانى بىلەن ۋە ساۋاب كۈتۈش ئۈمىدى بىلەن تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

(ھەدىس شەرىف)

س: ھەج كىملەرگە پەرز؟

ج: تېنى ساق بولۇپ، ھەجنىڭ چىقىملىرىغا ۋە يول ئەمىنلىكىگە قادىر بولالىغان ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرزدۇر. ھەج پائالىيىتى مەككىدە ئادا قىلىنىدۇ.

ھەج توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «... قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرزدۇر».

(سۈرە ئال ئىمران 97 - ئايەت)

س: ھەجنىڭ پەرزلىرى قانچە، ئۇلار قايسىلار؟

ج: ھەجنىڭ پەرزى ئۈچ بولۇپ ئۇلار:

ئېھرام باغلاش، ئەرەفاتتا تۇرۇش، كەبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە سافا - مەرۋىنى ئايلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

س: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى قانچە، ئۇلار قايسىلار؟

ج: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار:

مىنادا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە تۈنەش، شەيتانلارغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، باشنى چۈشۈرۈش ياكى چاچنى قىسقارتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەج قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ «ھەج تەلىماتى» غا دائىر بىر كىتابنى ئۆزلىرىگە ھەمرا قىلىۋېلىپ، كىتابتا كۆرسىتىلگەن بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئىككىنچى باب

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

س: ئاللاھنى كىم ياراتقان؟

ج: ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت تۆت خىل ئېھتىمالدىن باشقا ئېھتىمال يوقتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- ئېھتىمال، ئومۇمىيۈزنىڭ ھەممىسىنى يوقتىن بار قىلىپ تۇرغان ھېچ بىر ئاللاھ يوق، كۆزىمىز يەتمەيدىغان غەيبىي ئاللاھنى پەقەت خىيال دەپ پەرەز قىلىش. ھەتتا بىز ياشاۋاتقان زېمىننى ۋە بارلىق شەھەرلەرنى ۋە كۆرۈنمىگەن ئاتا-بابىلارنىڭ ھەممىنى خىيال دەپ پەرەز قىلىش، بۇ خىل ئېھتىمال سۆزلەشكىلىمۇ لايىقتى بولمىغان، ئەڭ ئەخمىقانە ئېھتىمالدۇر.

2- ئېھتىمال، ئاللاھنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى. لېكىن ئۇنى ئۆزلۈكىدىن، بىرەر تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىسىز بارلىققا كەلگەن دەپ پەرەز قىلىش. بۇ خىل ئېھتىمالمۇ يۇقىرىقى 1- ئېھتىمالدەك تايانچسىز، مەنتىقسىز ھەم دەلىلسىز ئېھتىمالدۇر.

بۇنداق دەپ پەرەز قىلىش سەۋەبلەر قانۇنىغا ۋە ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىگە تامامەن زىت كېلىدۇ. چۈنكى ھاياتنىڭ قانۇنىدا سەۋەبسىز بىرەر نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

3- ئېھتىمال، ئاللاھنى ئەزەلىي ماددا، ئۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ باشلىنىشى يوق ۋە تۈگىشىنىڭ چېكى يوق دەپ پەرەز قىلىش. بۇ خىل ئېھتىمال كائىناتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم تەسىر كۆرسەتكۈچى ھەم تەسىر كۆرسىتىلگۈچى بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇنداق بولۇش ئەقىلغا سىغمايدۇ. چۈنكى ئىككى خىل زىت نەرسە بىر نەرسىدە بىرلا ۋاقىتتا تېپىلمايدۇ، كائىنات يا تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇشى ياكى تەسىر كۆرسىتىلگۈچى بولۇشى لازىم، بۇ خىل ئېھتىمال خۇددى، ئېگىز سېلىنغان بىر قەسىرگە قاراپ قەسىرنى لايىھەلىگەن ئىنژېنېرغا مەنسۇپ بولغان، ماھارەت ۋە ئۇسلۇبلۇق قاتارلىق پۈتۈن سۈپەتلەرنى قەسىرنىڭ تاملىرىغا مەنسۇپ قىلغانغا ئوخشاش ئەقىلسىزلىقتۇر.

ئىنساننىڭ ئەقلى ئەگەر توغرا ئىشلىتىلسە، زەررىچىلەرنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەييەن سۈپەتلەرنىڭ تولۇق بولۇشىغا موھتاجمىز، بۇ سۈپەتلەر قۇدرەت ۋە ئىرادە دۇر، بۇ سۈپەتلەرنى تولۇق بىلىش سۇغا مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى بۇ سۈپەتلەرنى بىر زاتقا مەنسۇپ قىلىشقا تېگىشلىك. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر. بۇ 4- ئېھتىمال دۇر.

مانا بۇ ئەقىلنىڭ ئېھتىمالىدۇر. مانا بۇ يارىتىلىش قىسسىسى ئۈچۈن بىردىن بىر ئەقلىي تەپسىردۇر.

شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئەزالىرىنىڭ تولۇقلىنىشىنى، ئىنساننىڭ ياشنىشىنى ئىستىدا يالغۇز ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق بولىدۇ، ياكى تاشقى بىرەر سەۋەبلەر ئارقىلىق

تولۇقلىسىدۇ دەپ بەرار تەلەشنى تولۇق ئەقلىسىزلىقتۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمىتىگە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى، دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنىي) دىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جان كىرگۈزدى)، بۇ سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر». (سۈرە سەجدە 7-9 ئايەت)

ئىنسان بۇ ئايەتتىن كۆزى بىلەن ئاللانىڭ قۇدرەتلىرىنى كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ھەقىقەتنى ئاڭلاپ، ئەقلى بىلەن كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشى ئارقىلىق ئاللاغا ئىمان كەلتۈرىدۇ؛

ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر».
(سۈرە زارىيات 20-ئايەت)

س: ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى دەلىل-ئىسپاتقا موھتاجمۇ؟

ج: ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى دەلىل-ئىسپاتقا ئەسلا موھتاج ئەمەستۇر. ئىنساننىڭ ئەتراپتىكى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بار ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىدۇ. ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دەلىل تەلەپ قىلىشى خۇددى ئوپ-ئوچۇق كۈندۈزدە قۇياشنىڭ نۇرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاسماندا قۇياشنىڭ بارلىقىغا دەلىل تەلەپ قىلغانغا ئوخشاشتى بىمەنىلىكتۇر.

دۇنيا بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ئاللا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغىنى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ شېرىكى يوق، يالغۇز ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا تونۇتۇش ئىدى. چۈنكى ئىنسانلار ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايتتى. ئاللا بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن ئۇلاردىن (يەنى كۇففارلاردىن): "ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) كىم بويسۇندۇردى؟" دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم "ئاللا" دەپ جاۋاب بېرىدۇ». (سۈرە ئەنكەبۇت 61-ئايەت)

ئاللانى ئىنكار قىلىش پەقەت كېيىنكى يىللاردىكى غەربلىك ئىنسانلاردا ئەتىشنى يوقىتىپ، ئەسلى پىشۇرىدىن چىقىپ كەتكەن ئازساندىكى پاسسىپ ئىنسانلارنىڭ سەۋەبلىرى ئىدى. پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر پەقەت مۇشرىكلارنىڭ ئاللانىڭ شېرىكى يوق ئىكەنلىكىگە قايىل بولمىغانلىقىدىن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاللاغا ئىنكار قىلغانلىقىدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئىنكار قىلمايتتى. ئەگەر ئاللانىڭ بارلىقىغا دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلغۇچىلار بولسا كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن شەيئىلەر ئاللانىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر، چۈنكى ھېچ نەرسە ئۆزلىكىدىن ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەسلىك ئۇلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. مەسىلەن، بىر ھاۋادىكى نەپەس ئالىشنى بىلگىلى بولىدىغان

كۆرەلمەيمىز ۋە ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمايمىز، تىرىك نەرسىدە جاننىڭ بارلىقىنى بىلىمىز لېكىن ئۇنىڭدىكى جاننى كۆرەلمەيمىز ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمايمىز، شۇنىڭدەك ئەقىل ـ ئىدراكنى شۇنچىلىك چەكلىك تۇرسا ئۇ، ئاللاھنىڭ زاتىنى قانداقمۇ ئىدراك قىلالىسۇن ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ ماددى كۆزى بىلەن قانداقمۇ ئاللاھنىڭ زاتىنى كۆرەلىسۇن؟! ئۇنىڭدىن باشقا كائىناتتا كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان ۋە ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمايدىغان لېكىن ئىنكار قىلالمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قۇرئان كەرىمدىن دەلىل تەلەپ قىلماقچى بولساق، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ۋە نىشانلارنى ئاللاھنى تونۇشقا يېتەكلەيدىغان كۆپلىگەن ئوچۇق ھەم نازۇك دەلىللەرگە بايدۇر.

ـ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا ئۇنى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ».

(سۈرە قاف 6 ـ ئايەت)

ـ ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يەرنى بىز يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق». (سۈرە ھىجر 19 ـ ئايەت)

ـ ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى. ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى». (سۈرە غاشىيە 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر». (سۈرە نەمل 60 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ». (سۈرە دۇخان 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر)

ـ ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددى ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى، بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ ياۋۇسىدا جېدەللىشىدۇ». (سۈرە لوقمان 20 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى». (سۈرە نازىئات 27 ـ ئايەت).

دېمەك، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان، كەسكىنلەشكەن ھەقىقەتتۇر!

س: ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئۇسۇللىرى نېمە؟

ج: ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپتۇر. ئەمما ئىخچاملىغاندا ئىككى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئەقىل، يەنە بىرى ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدۇر.

س: ئاللاھنى ئەقىل بىلەن قانداق تونۇيمىز؟

ج: ئىنساندىكى پۈتۈن ئەزالارنىڭ ئالاھىدە ئايرىم ۋەزىپىلىرى باردۇر، چۈنكى بۇ ئەزالار بىكارغا يارىتىلمىدى. ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان ئەگەر تەپەككۇر قىلسا، ئويلىنالايدىكەن، ئۇ ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ دەۋىتى ئەقىللارغا خىتاب قىلىدۇ. ئىسلام كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەمالارچە ئەگىشىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام ئەقىللارنى غەپلەتلەردىن ئويغۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، سەۋەب كەلگەنكە، ئىسلامدا، ئاسمانلار ۋە زېمىنلاردىكى ئاللاھنىڭ تۈرلۈك مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىبادەت سانايدۇ. قۇرئاندا كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە چاقىرغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (دىيەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ». (سۈرە ھەج 46-ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى ئانائاڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە چىقاردى، ئاللاھقا شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى». (سۈرە نەھل 78-ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە سوئال سورالىدۇ». (سۈرە ئىسرا 36-ئايەت)

دېمەك، قۇلاق، كۆز ۋە دىل قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىنسانغا بولغان خىزمىتى ئىنتايىن كۆپ بولغاچ ۋە بۇ ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغاچ، ئاللاھ بۇ ئەزالار بايانىنى كۆپ قىلدى ۋە بۇ ئەزالار ھەققىدە ئىشلىتىلمىسە سورالىدۇ، سوئال بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئىنسان قۇلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋە باشقا غەيبىياتلىرىنى ئاڭلايدۇ، كۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قۇدرەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك مەخلۇقاتلىرىنى كۆرىدۇ، دىلى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ شۇ ئۈچ ئەزانى ئالاھىدە بايان قىلغان، ئەقىل ئەڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەقىل بولمايدىكەن يۇقىرىدىكى ئۈچ ئەزانىڭ ۋەزىپىسىمۇ بىكاردۇر.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار». (سۈرە يۇنۇس 101-ئايەت)

كۆرۈشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاجايىپ قۇدرەتلىرى ۋە

كامالەتكە يەتكەن سۈپەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئاجىزلىق ئاللاھنى تونۇشتىن
ئاجىز قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىنسان ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى
ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزسە، ئەلۋەتتە بۇ كائىناتنىڭ ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلمىگەنلىكىنى،
ئۇنى مۇقەررەر ئاللاھ ياراتقانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ھاياتلىق تارىخىدا بىر زەررىنىڭ سەۋەبسىز
ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى ۋە مۇقەددىمىسىز نەتىجە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ھەرقانداق
كىشى ئەقلىنىڭ ئىچىدىكى ئىزلىنىش مۇشۇ ھەرىكەتكە كائىناتنىڭ ئۆزلىكىدىن ئىدارە قىلىنمايدىغانلىقىنى
بەلكى ئۇنى ئاللاھ ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلىدۇ.
ئىنسان ئادەتتە ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەرىزىدىن كۆرگەن قۇياشنى نۇرىدىن ئاسماندا
چىققان قۇياشنىڭ چىققانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ
بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەر ئەتراپىمىزدا موجۇد. كۈندۈزدىكى
قۇياشنىڭ نۇرىدەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ھەقىقەتكە كۆزى
ئېچىلمىغانلار، بولۇپمۇ خۇراپاتقا چۆكۈپ كەتكەن ماتېرىيالىستلار بۇ ھەقىقەتنى
كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ماددىغا ۋە خۇراپاتلارغا
چوقۇنغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ھەقىقەتتىن پەردىلىۋەتكەن.
ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى
پېچەتلىۋەتكەن (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەقنى كۆرمەيدۇ) ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھە-
قىقەتنى كۆرمەيدۇ) ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».
(سۈرە بەقەرە 7-ئايەت).

س: ئاللاھنى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن قانداق تونۇيمىز؟
ج: ئاللاھنى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى
ئارقىلىق تونۇيمىز. ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىملىرى باردۇر. كۆپلىگەن ئېسىل
سۈپەتلىرى باردۇر. بىز بۇلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ۋە كامالەت
سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇيالايمىز. چۈنكى ئىسىم
ياكى سۈپەت بولمايدۇ. ئىسىم ۋە سۈپەت ئۆز ساھىبىغا دالالەت قىلىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار،
كىمكى ئۇنى ساناپ (يەنى ھەرسىنى تونۇشنى ئادەت قىلسا) ئۇ كىشى جەننەتكە
كىرىدۇ». (ھەدىس شەرىف).

~~س: ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئۈستىدىكى ھەقىقەت نېمە؟~~
~~ج: ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئۈستىدىكى ھەقىقەت، ئاللاھ ئاتالغان ئىبادەت قىلىنىشقا،~~
~~ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە گۈزەل ئىسىملار ئاللاھقا خاستۇر، ماڭا ئىبادەت~~

~~[illegible]~~

س: ئاللاھقا قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: ئاللاھ ئەزەلدىن باردۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشتا ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىشتا ھېچ بىر شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ كامال سۈپەتلەر بىلەن ھەمىشە سۈپەتلىنىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكتۇر دەپ ئىمان كەلتۈرىمەن.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.»

(سۈرە ئىخلاس 1-4 ئايەتلەر)

س: ئاللاھنىڭ كامال سۈپەتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: ئاللاھنىڭ كامال سۈپەتلىرى كۆپتۇر. ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرىمىز. ئەمما بۇنىڭ بىلىشىمىزگە زۆرۈر بولغانلىرى سەككىز سۈپەتتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) تىرىكلىك، (2) ئالىملىق، (3) قادىرلىق، (4) سۆزلەش، (5) مۇتلەق ئىختىيار قىلىشى، (6) ئىجاد قىلىشى، (7) ئاڭلاش، (8) كۆرۈش.

س: ئاللاھنىڭ تىرىكلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: ئاللاھ ئەزەلدىن تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ تىرىكلىكى جان ۋە جىسىم بىلەن بولماستىن بەلكى ئۇ ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن تىرىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»

(سۈرە بەقەرە 255-ئايەت)

س: ئاللاھنىڭ ئالىملىقىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. ئاللاھنىڭ بىلىشى ئەقىل ۋە زېھىن بىلەن بولماستىن بەلكى ئۇ ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»

(سۈرە بەقەرە 29-ئايەت)

س: ئاللاھنىڭ قادىرلىقىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: ئاللاھ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئۇ، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەستۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا غالىب كېلەلمەيدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»

(سۈرە ھەدىد 2-ئايەت)

س: ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىختىيار قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: ئاللا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر. ھەممە نەرسە ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر»

(سۈرە بۇرۇج 16 - ئايەت)

س: ئاللانىڭ سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: ئاللا سۆزلىگۈچىدۇر. قۇرئان كەرىم ئاللانىڭ سۆزىدۇر. ئاللانىڭ سۆزلىشى تىل ۋە ئېغىز بىلەن بولماستىن بەلكى ئۇ ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى.»

(سۈرە نىسا 164 - ئايەت)

س: ئاللانىڭ ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: ئاللا بۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىدۇر. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللانىڭ يارىتىشى بىلەن پەيدا بولغاندۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر»

(سۈرە زۇمەر 62 - ئايەت)

س: ئاللانىڭ ئاڭلىغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: ئاللا ھەر قانداق ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللانىڭ ئاڭلىشى قۇلاق بىلەن بولماستىن بەلكى ئۇ ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر»

(سۈرە شۇرا 11 - ئايەت)

س: ئاللانىڭ كۆرگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: ئاللا ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاشنىڭ ئۈستىدىكى چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»

(سۈرە شۇرا 11 - ئايەت)

س: ئاللانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟

ج: ئاللانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى، ئاللاغا خالىس ئىبادەت قىلىشتۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە دەيدۇ: «مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت

قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»

(سۈرە زارىيات ٥٦ - ئايەت)

س: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ج: ئىبادەت — تىل، دىل ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئاللاھقا بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.»

(سۈرە ئەنئام 162 - ئايەت)

س: ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

ج: ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر. ناماز ئوقۇش، ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ئاللاھدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىش، جەننەتكە رىغبەت قىلىش، ئازابىدىن ھەزەر قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ياد قىلىش، ئۇنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن قايتىش، بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىدىن سانىلىدۇ.

س: ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىمىز؟

ج: ئاللاھقا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن بويىچە ئىبادەت قىلىمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»

(سۈرە مۇھەممەد ٣٣ - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەمەلىنى بىزنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.»

(ھەدىس شەرىف)

س: ئېھسان دېگەن نېمە؟

ج: ئېھسان — ئىبادەتنى خۇددى بىز ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھالدا قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھسان توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئېھسان — خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.»

(ھەدىس شەرىف)

مۇسۇلمان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئارامگاھىدۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ، باغلاردا بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، ئۇلار قېلىن - يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. (ئۇلار تۈرلۈك ھۆرمەتلەرگە) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىنىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشى ۋە كېسەللەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا خىزمەتچىلەردىن ھەممە مېۋىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ دۇنيادىكى ئۆلۈمدىن باشقا جەننەتتە ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدۇر. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

(سۈرە جاسىيە 51 — 57 - ئايەتلەر)

س: جەننەت، دوزاخ مەڭگۈلۈكمۇ؟

ج: جەننەت، دوزاخ ھەر ئىككىلىسى مەڭگۈلۈك بولۇپ ئۇنىڭدا ئۆلۈش يوقتۇر. جەننەتكە كىرگەنلەر مەڭگۈلۈك كىرىدۇ. جەھەننەم يەنى دوزاخقا كىرگەنلەرمۇ مەڭگۈلۈك كىرىدۇ. پەقەت دىلىدا ئىمانى بار كىشىلەر گۇناھلىرىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتكە چىقىرىلىدۇ. كاپىرلار مەڭگۈ قالىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار - ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپاتى (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھدىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ».

(سۈرە بەييىنە 6 - 8 - ئايەتلەر)

س: ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت قايسى؟

ج: ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت — "تەۋھىد" دۇر. "تەۋھىد" ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. تەۋھىدسىز قىلىنغان ئەمەل ئىبادەتلەر مەقبۇل ئەمەستۇر.

س: "تەۋھىد" دېگەن نېمە؟

ج: تەۋھىد — ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ۋە ئەمەل ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىشنى دېمەكتۇر.

س: تەۋھىد نەچچە قىسىم بولىدۇ؟ ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: تەۋھىد ئۈچ قىسىم بولىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1 — تەۋھىد رۇبۇبىيە، 2 — تەۋھىد ئۇلۇھىيە، 3 — تەۋھىد ئەسما ۋەسسىفات دىن ئىبارەت.

س: تەۋھىد رۇبۇبىيە دېگەن نېمە؟

ج: تەۋھىد رۇبۇبىيە — ھەممىنى ياراتقۇچى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ).»

(سۈرە زۇمەر 62 — ئايەت)

س: تەۋھىد ئۇلۇھىيە دېگەن نېمە؟

ج: تەۋھىد ئۇلۇھىيە — ئەمەل ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن، مەندىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، يالغۇز ماڭا ئىبادەت قىلغىن.»

(سۈرە تاھا 14 — ئايەت)

س: تەۋھىد ئەسما ۋەسسىفات دېگەن نېمە؟

ج: تەۋھىد ئەسما ۋەسسىفات — قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىسىم سۈپەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىغا ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىق، شۇنداقلا ئاللاھنى باشقىلارغا ئوخشاتماسلىق دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر.»

(سۈرە شۇرا 11 — ئايەت)

س: تەۋھىدنىڭ پايدىسى نېمە؟

ج: تەۋھىدنىڭ پايدىسى — بۇ دۇنيادا توغرا يول تېپىش، ئاخىرەتتە

ئازابىدىن قۇتۇلۇش . ۋە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتۇر .

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»

(سۈرە ئەنئام 82 - ئايەت)

س: تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

ج: تەۋھىد – ئىماننىڭ جەۋھىرىدۇر. تەۋھىد ساماۋى دىنلارنىڭ بىردەك غايىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن تەۋھىدكە چاقىرغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى 13 يىللىق دەۋىتىمۇ پەقەت كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىش ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (ئىبادەتكە لايىق) يوقتۇر، ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.»

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! دىنىڭدىن يېنىشىڭنى تەلەپ قىلغان بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى: «پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن. ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن.»»

(سۈرە ئەنبىيا 25 - ئايەت) (سۈرە جىن 20 - ئايەت).

س: ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

ج: ئەڭ چوڭ گۇناھ – ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

س: شېرىك دېگەن نېمە؟

ج: شېرىك – ئېتىقادتا، ئەمەل ئىبادەتتە ۋە دۇئادا (دېمەك ياردەم سوراشتا) ئاللاھتىن باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر.

شېرىك – تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر.

س: شېرىكنىڭ قىسملىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

ج: شېرىكنىڭ قىسملىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 – كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا ئاللاھتىن باشقا يەنە بىرەر باشقۇرغۇچى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش. ياكى ئەۋلىيا، ئەنبىيالار، مازار، ماشايىخلار ۋە قۇتۇپلار كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش. بۇ خىل شېرىك ئاللاھنىڭ تەسەررۇپاتىغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

2 – ئاللاھقا ۋە ئاللاھقا خاس بولغان سۈپەتلەرگە باشقىلارنى ئوخشىتىش، بۇ خىل شېرىك ئاللاھنىڭ كامال سۈپەتلىرىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر، (ئەۋلىيا -

ئەنبىيالارنى غەيب ئىلمىنى بىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ بۇ پەزىل شېرىكنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ).

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ.»

ئەنبىيا (سۈرە ئەنئام ٥٩ - ئايەت)

3 — ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى، مازار-ماشايىخلارنى مەدەت تىلەش ۋە ئۇلارنى پايدا-زىيان يەتكۈزەلەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش. (مازار-ماشايىخلارنى بالا تىلەش، كېسەللەرگە شىپالىق سوراش، بەرىكەت تىلەش قاتارلىق شېرىكلەرمۇ بۇ پەزىل شېرىكنىڭ تۈرلىرىگە كىرىدۇ). بۇ پەزىل شېرىكلەر ئاللاھقا ئىبادەتتە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر، چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «دۇئا ئىبادەتتۇر» دېگەن.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرىقىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ.»

(سۈرە فاتىر 14 - ئايەت)

4 — ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى ياكى ماشايىخ پىرلەرنى بەرەزىنى ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتۇش. چۈنكى ئاللاھنى دوست تۇتۇش دۇنيادىكى ھېچ قانداق دوستلۇققا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ دوستلۇقى ھەممە نەرسىنىڭ دوستلۇقىدىن يۇقىرى بولىدۇ. كىشى ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتمىغۇچە مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنى (مۇشرىكلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتىدۇ. (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ) مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتىدۇ.»

(سۈرە بەقەرە 165 - ئايەت)

5 — ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا ئىتائەت قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.»

(ھەدىس شەرىف)

6 — ئەمەل-ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش. چۈنكى

بەندىلەرنىڭ ئەمەل ئىبادەتلىرىگە تەقىب قىلىشى، ئۇلارغا ساۋاب بېرىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ئەمەل ئىبادەتلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش شېرىكنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم، ئاللاھقا ئەڭ كىچىك شېرىكنى كەلتۈرۈپ سېلىشىڭلاردۇر، ئۇ بولسىمۇ (يەنى ئەڭ كىچىك شېرىك) رىيادۇر.»

(ھەدىس شەرىف)

رىيا — ئىبادەتنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتتە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.»

(سۈرە كەھف 110 — ئايەت)

س: شېرىكنىڭ زىيىنى نېمە؟

ج: شېرىكنىڭ زىيىنى ئىنتايىن كۆپتۇر، ئەڭ ئېغىرلىرى بولغىنى ئاددىي بەزى شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ گۇناھى بىرتەرەپ ياخشى ئەمەللىرى بىكار قىلىۋېتىلىدۇ، جەننەتتىن مەھرۇم قىلىپ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.»

(سۈرە مائىدە 72 — ئايەت)

ئاللاھ شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىقنىڭ گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن (قاتتىق) ئازغان بولىدۇ.»

(سۈرە نىسا 116 — ئايەت)

س: ۋەسىلە دېگەن نېمە؟

ج: ۋەسىلە — دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە ئەمەل ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن ۋاستە قوللىنىش دېگەن مەنىدە. ۋەسىلە (يەنى ۋاستە) ئىككى خىل بولۇپ، بىرى جائىز بولغان ۋەسىلىدۇر.

يەنە بىرى مەنئى قىلىنغان ۋەسىلىلەردۇر.

س: بۇيرۇلغان ۋەسىلىلەر قايسى؟

ج: بۇيرۇلغان ۋەسىلىلەر — قۇرئان ۋە ھەدىسلەردا بۇيرۇلغان ۋە ساھابىلار قوللانغان ۋەسىلىلەردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 — ئىمانىمىزنى ۋەسىلە قىلىش.

ئاللا ئۆزلىرىنىڭ ئىمانلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) "پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار" دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن».

(سۈرە ئال ئىمران 193 - ئايەت)

2 — ئاللانىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش.

ئاللا تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، ئاللانىڭ بىرلىكىنى ۋەسىلە قىلىپ قىلغان دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا) "(ئى پەرۋەردىگارىم) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆزۈمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم" دەپ نىدا قىلدى».

(سۈرە ئەنبىيا 87)

3 — ئاللانىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىش.

ئاللا بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللانى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار».

(سۈرە ئەنبىيا 160 - ئايەت)

4 — ئاللانىڭ كامال سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش.

پەيغەمبەر مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللا! سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن سەندىن مەدەت تىلەيمەن».

(ھەدىس شەرىف)

5 — كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش.

دېڭىز ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە، ئۈچ ئادەم غارغا سولىنىپ قېلىپ چىقالمىغاندا، ئۇلار ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ غارنىڭ ئاغزى ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى قىسسىسى بايان قىلىنغان.

6 — گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىپ ئۇلارنى تەرك ئەتكەنلىكنى ۋەسىلە قىلىش. چۈنكى يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ياخشى ئەمەللەرگە كىرىدۇ.

7 — تىرىك بولغان ئاتا-ئانىسى ۋە تىرىك ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىنى سوراش.

ۋەسىلە يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك يەتتە خىل يول بىلەن بولىدۇ. ئەپسۇسكى بۈگۈنكى زاماندا نۇرغۇن كىشىلەر توغرا ۋەسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ مازارلاردىكى ئۆلۈكلەرنى ۋە باشقىلارنىڭ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇراپاتتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

س: مەنئى قىلىنغان ۋەسىلەر قايسىلار؟

ج: مەنئى قىلىنغان ۋەسىلەر ئىسلام دىنىدىن ئاساسى بولمىغان ۋەسىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇراپات دېيىلىدۇ. خۇراپاتلارنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر. ئەمما مەملىكىتىمىزدە كەڭ تارالغان ئىككى خىل تۈرلۈك خۇراپاتلارنىڭ بىرى دەرگاھدا ئۆلۈكلەرنى ۋەسىلە قىلىش ۋە مازار، ماشايىخلاردىن ھاجەت سوراشتۇر. بۇنىڭ ئىككىلىسى شېرىكنىڭ قىسىملىرىغا كىرىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنى قويۇپ ساڭا پايدا، زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن. ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن».
(سۈرە يۇنۇس 106-ئايەت)

س: ئاللاھقا دۇئا قىلىشتا بىرەر مەخلۇقنىڭ ۋاستىسىغا موھتاجمۇ؟

ج: ئاللاھقا دۇئا قىلىشتا ھېچقانداق ۋاستىغا ھاجەت يوقتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن».
(سۈرە بەقەرە 186-ئايەت)

س: ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەققىدىن كېيىن ئىنساننىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەق قايسى؟

ج: ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىدۇر. ئاتا-ئانىلار بىزلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىزگە سەۋەب بولغان ۋە بىزلەرنى جاپا-مۇشەققەتلەردە بەرداشلىق بېرىپ چوڭ قىلغان كىشىلەردۇر.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىنىڭلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى، ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قولۇڭدا ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمە، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن».

(سۈرە ئىسرا، 23-ئايەت)

س: ئاللا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى قانداق دوست تۇتىمىز؟

ج: ئاللانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلار رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ۋە ئۇلار رازى بولمايدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇپ، دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولۇش بىلەن دوست تۇتىمىز.

ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى: "ئەگەر سىلەر ئاللانى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللا سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۆتكەنكى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مېھرىباندۇر"».

(سۈرە ئال ئىمران 31-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق: «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار مېنى ئۆز ئاتىسىدىن ۋە بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن بەك دوست تۇتمىغىچە مۆمىن بولالمايدۇ».

(ھەدىس شەرىف)

س: قانداق قىلغان ئەمەل-ئىبادەت مەقبۇل بولىدۇ؟

ج: 1 - ئىمانى مۇستەھكەم بولۇش. 2 - ئىخلاس قىلىش.

3 - قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش.

4 - كۇپۇردىن، شېرىكتىن يىراق تۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەت مەقبۇل بولىدۇ.

س: قانداق قىلغان تەۋبە مەقبۇل بولىدۇ؟

ج: 1 - بۇرۇن قىلغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش.

2 - يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

3 - قايتا قىلماسلىققا ئىرادە باغلاش بىلەن قىلىنغان تەۋبە

مەقبۇل بولىدۇ، يۇقارقىلار ئاللاھنىڭ ھەققىدىكى ئەڭ ئەلالىق بولغان گۇناھلارنىڭ تەۋبىسىدۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەققىدىكى ئەڭ ئەلالىق بولغان ھەقسىزلىك، ئاچاۋۇزلۇق ۋە يامان ئىشلارنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى 4 شەرت بىلەن مەقبۇل بولىدۇ.

1- قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىش.

2- يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش.

3- قايتا قىلماسلىققا ئىرادە باغلاش.

4- ھەقسىزلىك قىلىنغۇچى يەنى ئاچاۋۇز قىلىنغۇچىدىن ئەپۇ سوراش ۋە ئۇنى رازى قىلىش بىلەن مەقبۇل بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۆز ھەققىگە ئاچاۋۇز قىلىنغان گۇناھلارنى يۇقۇرىدىكى ئۈچ شەرت بىلەن ئۆتىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەققىگە ئاچاۋۇز قىلىنغان يامانلىقلاردىن، ئۇ كىشى رازى بولمىغۇچىلىك ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ئادالىتىدۇر.

س: ئىسلامدا جىھاد قىلىش نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

ج: ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىشنى كۆپلىگەن ھېكمەت ۋە ئالىي مەقسەتلەر ئۈچۈن بۇيرۇغان. بۇلارنى تۆۋەندىكى 4 مەقسەتكە قىسقارتىشىمىز مۇمكىن:

1- دىن دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش،

2- ئىسلام دەۋىتى يولىدىكى توسقۇنلارنى پارچىلاپ تاشلاش،

3- ئىسلام ئەقىدىلىرىنى خەتەرلىك كۈچلەردىن ھىمايە قىلىش،

4- مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى باسقۇنچىلاردىن مۇداپىئە قىلىش.

س: جىھادنىڭ تۈرلىرى نېمە؟

ج: كۇفرى پېتىكەن ھەر قانداق مۇسۇلمانغا جېنى بىلەن، مېلى بىلەن، ئىشارەتتىغا قارا ... تىلى بىلەن جىھاد قىلىش پەرزدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مېلى يوق، قېرى، پىيادە — ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئاڭغۇشلۇق ۋە قىيىن ئىشلاردا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرىڭلار بىلەن، جانلىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»

(سۈرە تەۋبە 41- ئايەت)

ئۈچىنچى باب پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

س: پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئاللاھ ئەرسىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ئاللاھنى تونۇشقا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىشكە چاقىرغان ۋە ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، گۇناھ-يامان ئىشلارنى قىلىشنى توسقان. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بوتۇنلەي ئىنسان، ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك مەسۇم زاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشى ۋە باسقان ئىزلىرى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىي ئۈلگە ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگىدۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇلارنىڭ ئاخىرى ۋە ھەممىسىنىڭ ئەۋزىلى بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر ئۈممەت بولمىسۇن ئۇلاردا پەيغەمبەر كەلگەن» (سۈرە فاتىر 24-ئايەت)

~~(سۈرە فاتىر 24-ئايەت)~~

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «سەندىن ئىلگىرى بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ بار، قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار».
(سۈرە غاپىر 78-ئايەت)

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كېلەمدۇ؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سالاماتى دىنلارنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ بىلەن بۇتۈن پەيغەمبەرلىك تۈگىگەن.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر». (سۈرە ئەھزاب 45-ئايەت)

~~[illegible]~~

س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەممە مىللەتكە ئورتاقمۇ؟

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرى بولغاندىن تاشقىرى ئۇ جىنلارنىڭمۇ پەيغەمبىرىدۇر. جىنلارمۇ ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتقان.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دېگىنكى، بىز بۇتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەيغەمبەت

رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق » . (سۈرە ئەنبىيا 107 - ئايەت)

~~(سۈرە ئەنبىيا 107 - ئايەت)~~

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : « (ئى مۇھەممەد ئۇممىتىڭگە) ئېيتقىنكى ، « بىر قانچە ئەپەر جىنلارنىڭ (مېنىڭ قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھىي قىلىندى ، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى : بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز » .

(سۈرە جىن 1 - 2 - ئايەتلەر)

س : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش نېمە بىلەن بولىدۇ ؟

ج : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ . ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : « كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ » .

(سۈرە نىسا 80 - ئايەت)

س : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق دوست تۇتىمىز ؟

ج : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمىز ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ : « سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن ، بالىسىدىن ۋە دۇنيادىكى ھەممە كىشىلەردىن بەك دوست تۇتمىغۇچە مۆمىن بولالمايدۇ » .

(ھەدىس شەرىف)

س : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئىبادەتمۇ ؟ بۇيرۇق

ج : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئەڭ ~~ياخشى~~ ئىبادەتتۇر .

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : « ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ ، دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ) ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ ، ئى مۆمىنلەر ! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار » .

(سۈرە ئەھزاب 56 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ : « ئاللاھقا قىلىنغان ھەرقانداق دۇئا ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغۇچە مەقبۇل بولمايدۇ » . بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەستۇر ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزلەرنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى چوڭدۇر ، ئۇ بىزنى شەيتانغا دەۋەت قىلىشتىن ئازاد قىلىپ ، كۇفرىلىقنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقاردى ، بىزنى ئىككى دۇنيالىق بەختلىك يولغا باشلىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ : « زېمىندا ئاللاھنىڭ كېزىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى باردۇر ، ئۇلار ماڭا ئۈممىتىمنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزىدۇ » .

(ھەدىس شەرىف)

تۆتىنچى باب پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

س: پەرىشتىلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز ؟

ج: ئاللانىڭ پەرىشتىلىرى جىسمسىز روھى ئالەملەردۇر. ئۇلار نۇردىن يارىتىلغان، ئۇلار ئەر-ئايال دىيىلمەيدۇ، ئۇلاردا يېيىش-ئىچىش يوقتۇر، ئۇلار ھەمىشە ئاللانىڭ تائەت ئىبادىتى بىلەن مەشغۇلدۇر، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى: جىبرىل، ئەزرائىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل دۇر.

ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى»

(سۈرە بەقەرە 285-ئايەت)

س: پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

ج: پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئايرىم ۋەزىپىلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئىنسانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىشقا مەسئۇل بولسا، بەزىلىرى ئۆلگەنلەردىن سوئال سوراشقا مەسئۇلدۇر. پەرىشتىلەرنىڭ بەزىلىرى قۇرئان ئوقۇلغان ئورۇنلارغا، مەسجىدلەرگە ۋە باشقا ئاللا ياد ئېتىلگەن ئورۇنلارغا ھازىر بولىدۇ.

ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللانىڭ پەرىشتىلىرى ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر. ئۇلار ئاللاغا ئالدىن بىرەر سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللا رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ. ئاللانىڭ ھەيۋىتىدىن تىترەپ تۇرىدۇ».

(سۈرە ئەنبىيا 27-28-ئايەتلەر)

س: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى نېمە؟

ج: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ـــ ئاللاغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشتۇر، ئۇلاردا ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىش يوق.

ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ پەرىشتىلەر ئاللانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ».

(سۈرە تەھرىم 6-ئايەت)

س: جىنلار قانداق تائىپە؟

ج: جىنلار كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان جىسمسىز مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار ھەرخىل شەكىللەردە شەكىللىنەلەيدۇ. ئۇلار ئوتتىن يارىتىلغان، ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش دىنغا مەجبۇرلانغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇسۇلمان، كاپىر، تەقۋا، ئاسىيلىرى بار. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىرىمۇ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىدۇ.

ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»

(سۈرە زارىيات ٥٦-ئايەت)

س: شەيتان قانداق مەخلۇق؟

ج: شەيتان ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان رەزىل مەخلۇقتۇر. شەيتاننىڭ ئەسلى (يەنى ئاتىسى ئىبلىس) جىنلاردىن كېلىپ چىققان. شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر، ئۇ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈنلا ياشايدۇ، شۇڭا ئاللا بىزنى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇيدۇ.

ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتسە) ئاللاغا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن»

(سۈرە فۇسسىلەت ٣٦-ئايەت)

س: شەيتاننىڭ خاراكتېرى نېمە؟

ج: شەيتاننىڭ خاراكتېرى — ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى سېلىش، خاتا ئىشلارنى توغرا بولىدۇ دەپ ئازدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھەقتە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ»

(سۈرە فاتىر ٦-ئايەت)

س: شەيتان قانداق ئادەمنى ئازدۇرالايدۇ؟

ج: شەيتان ئاللانىڭ ئالدىدىن يىراقلاشقان، ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسىز، چىدامسىز ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمانى كۈچلۈك، تەقۋا، ئىرادىلىك كىشىلەرنى ئازدۇرالمايدۇ.

ئاللا شەيتاننىڭ (ئاتىسى ئىبلىسنىڭ) سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئىبلىس ئېيتتى:) ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»

(سۈرە ساد 82-83-ئايەتلەر)

ئاللانىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىمانى كامىل، ئىرادىلىك، تەقۋادار كىشىلەردۇر.

بەشىنچى باب: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

س: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: ئاللاھ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى نازىل قىلىپ، بۇ كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا ياخشى-يامان ۋە پايدا-زىيانلارنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ مەشھۇرلىرى: تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئان كەرىمدۇر. تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. ئىنجىل ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا، زەبۇر داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا، قۇرئان كەرىم بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلاردىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچى ئىيسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئىنجىل ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر».

(سۈرە مائىدە 46-ئايەت)

بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۆتىۋەر بولغىنى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بولغىنى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلار پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇ كىتابلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى يوقىلىپ كېتىپ، دىن ۋائىزلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە يېزىلغانلىرى ساقلىنىپ كەلگەن. ئەمما قۇرئان كەرىم تاھازىرغىچە قەتئىي ئۆزگەرمىگەن ۋە مۇندىن كېيىنمۇ قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى مەڭگۈ دەستۇر قىلىپ نازىل قىلغان.

ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق: «(ئى مۆمىنلەر! دەۋەتىڭلارنى قوبۇل قىلىپ) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى».

(سۈرە بەقەرە 75-ئايەت)

ئاللاھ خرىستىيانلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى».

(سۈرە مائىدە 72-ئايەت)

مەلۇمكى، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشكەن بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بۇيرۇلغان. ھالبۇكى، ئۇلار مۇتەكەببىرلىكتىن،

ھەسەتخورلۇقتىن كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بۇرمىلاپ ئۆزلىرى خالىغان
بويىچە تەۋىل قىلىشقان، ئەتىبارى دىنىغا ئەگەشمىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز دىنلىرىنىمۇ
ئاسلىنى قالدۇرمىغان. ~~ئۇلار كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن بولسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا~~
~~ئىشەنگەن بولاتتى~~. يەھۇدىيلار تەۋراتنى ئۆزگەرتمىگەن بولسا ھەرگىزمۇ ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ
ئوغلى دېمىگەن بولاتتى. خرىستىئانلار ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن بولسا ھەرگىز ئىسا ئەلەيھىسسالامنى
ئاللاھ پاكى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېمىگەن بولاتتى. چۈنكى سەماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىر
ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ بالىسى يوق ئىكەنلىكىگە ~~چاقىرغان~~ يەنى تەۋھىدكە چاقىرغان.
ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى
ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز».
(سۈرە ھىجر 9-ئايەت)

س: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى سەماۋى كىتابلاردىن قانداق ئارتۇقچىلىقى بار؟
ج: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى كۆپتۇر. ئەمما بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ بەزى
ئالتە ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
1- قۇرئان كەرىم سەماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى
ئىلاھى تەلىماتلار ۋە ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
2- قۇرئان كەرىم قىيامەتكىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى مەڭگۈ كۈچكە
ئىگەدۇر.
3- قۇرئان كەرىم ھېچقانداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ
بىلەن ماسلىشىدۇ.
4- قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبەدىي بىر مۆجىزىسىدۇر.
5- قۇرئان كەرىم ئوقۇشقا ۋە يادلاشقا ئەڭ ئاسان كىتابتۇر، ئۇ تىلدا ئېغىر
سۆز، كەلىمىلەردىن خالىدۇر.
6- قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئەمەل قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ
تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئالاھىدە كىتابتۇر.

ئالتىنچى باب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

س: قازا ۋە قەدەر دېگەن نېمە؟

ج: قەدەر — ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنىڭ ھەر بىر كەلگۈسىدىكى (كېلەچەك) بارلىق ئىشلىرىنى ئالدىن ئالا بىلىشى دېمەكتۇر.

قازا — ئاللاھنىڭ شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى يارىتىشى دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

دېمەك، قازا ۋە قەدەر — ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا قىلىدىغان بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىنى ئالدىن ئالا بىلگەنلىكى ۋە شۇ بىلگەنلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلىرىنى يارىتىدىغانلىقى دېگەنلىكتۇر.

قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ ئۆزى تەقدىر قىلغان ئىشلارغا بەندىلىرىنى مەجبۇرلىغانلىقى ئەمەستۇر، بەلكى ئىنسان قىلغان ئىشنى تاللاش ۋە قىلماسلىقتا ئەركىندۇر. ئاللاھنىڭ بۇ بەندىنىڭ قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىنى ئالدىن ئالا بىلگەنلىكى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ [illegible] ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ بىلگىنى بويىچە بولغانلىقى ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە خاھىشىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئىنسان ئۆز خاھىشىدا يېنىلا ھۆردۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىر بولساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ، ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان شۈكرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ»

(سۈرە زۇمەر 7-ئايەت)

س: قازا ۋە قەدەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: ئىنسانلارنىڭ ياخشى-يامان پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. لېكىن ئاللاھ ياخشى ئىشلارغا رازىدۇر، يامان ئىشلارغا رازى ئەمەستۇر، دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر».

(سۈرە رەئد 8-ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق».

(سۈرە قەمەر 49-ئايەت)

س: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

ج: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى كائىناتنىڭ ۋە كائىناتتىكى بۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىلاھى قانۇننىڭ ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. تەبىئەتتىكى بارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا بىرەر بالا-قازا يەتسە ياكى مۇسىبەت كەلسە ئاھ-ئۇھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسا مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن دەپ ئىشىنىدۇ. بالا-قازا يەتكەندە سەۋر قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا شۈكۈر قىلىدۇ.

ئىمان مەغلۇبىيەتكە ئاھ-ئۇرۇپ كەتمەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان نورماللىق دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن، چىدامچان ئىنسان بولالايدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئىنسانلارنى يارىتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(كىشىگە) يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا يېتىدۇ. كىمكى ئاللاھقا (يەنى ھەرقانداق مۇسىبەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشەنسىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».

(سۈرە تەغابۇن 11-ئايەت)

س: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نېمە؟

ج: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ــــ ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاللاھقا ئىمان تولۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش كىشىنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك، تىنچلىق، سالامەتلىك ۋە ذوۋقىغا ئۈمىت بېغىشلايدۇ. چۈنكى قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى شۇنداق ئىشىنىدۇكى: بۈتۈن دۇنيا خەلقى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىنى يەتكۈزەلەيدۇ. بۈتۈن دۇنيا خەلقى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا بىرەر زىيان يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىنى يەتكۈزەلەيدۇ. ئۇ كىشى، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنىڭ بارلىقىغا، مۇسىبەتنىڭ مۇكاپاتى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كۆڭلى ھەرھالەتتە خاتىرجەم ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا تەبىئەتنىڭ زور كۈچلىرىمۇ ئاجىز كۆرۈنىدۇ. ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا ئىمان، چىدام ۋە شىجائەت بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. دىيانەتسىز دۆلەتلەر بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق: مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى دىيانەتسىز دۆلەتلەردىكى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ 5% نى تەشكىل قىلالايدۇ.

چۈنكى مۇسۇلمان كىشى بېشىغا كەلگەن بالا - قازالارغا سەۋر قىلسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھەرقانداق ئېغىر ئەھۋاللاردا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ. شۇڭا خاتىرجەم، بەختلىك ياشايدۇ.

ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلارغا يېتىدىغان مۇسىبەتلەر، بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان. بۇنىڭ شۈبھىسىزكى ئاللاھقا ئاساندۇر. (ئاللاھنىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ مەغرۇرلىنىدىغان ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ».

(سۈرە ھەدىد 23 - ئايەت)

2 - قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت، كېسەللىك، غەمكىنلىك ھەتتا كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

(ھەدىس شەرىف)

3 - قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە ساۋاب بېرىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(بېشىغا كەلگەن زىيان - زەخمەت، مۇسىبەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ئۇلار: "بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر».

(سۈرە بەقەرە 156 - 157 - ئايەتلەر)

4 - قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى قانائەتلىك بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان قىسمەتكە رازى بولغىن، كىشىلەرنىڭ ئەڭ بايلىرىدىن بولىسەن».

(ھەدىس شەرىف)

5 - قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ھەسرەت - نادامەت چەكمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، ئۇنىڭغا ھەممە ياخشىلىق باردۇر. ساڭا پايدىسى بولىدىغان ئىشقا قىزىققىن. ئاللاھتىن ياردەم سورىغىن، ئاجىزلىق قىلما، ساڭا بىرەر مۇسىبەت

يەتسە «ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى» دېمىگىن، بەلكى ئاللاھ شۇنى تەقدىر قىلدى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلدى دېگىن. «ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا» «ئەگەر» دېيىش شەيتاننىڭ ئىشىنى ئاچىدۇ». .... (ھەدىس شەرىف)

6 - قازا ۋە قەدەرگە ئىشەنگەن كىشى ئاپەتلەردىن قورقمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان كىشى ئۇنىڭ ئەجىلى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئاپەتلەرنىڭ تۈرلىرى كەلگەندە خەۋپ ۋە زىيان - زەخمەتلەردىن قورقمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىنى يەتكۈزەلەيدۇ. ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ ساڭا تەقدىر قىلغىنىنى يەتكۈزەلەيدۇ. قەلەم كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرۇپ كەتتى (يېزىپ بولۇندى)». (ھەدىس شەرىف)

~~(ھەدىس شەرىف)~~

س: ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھدىنمۇ؟

ج: توغرا، بەندىلەرنى ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھدىن. ئاللاھ، توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. ھىدايەتنى خالىماي ئازغۇنلۇقنى خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ ۋە ئېزىشنى ئۇنىڭغا ئاسان قىلىدۇ، چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش پەقەت ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئېزىپ كېتىش پەقەت يامان نىيەت ۋە يامان ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھنىڭ بىر كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇ كىشىگە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر، ھىدايەت مەڭگۈلۈك كاتتا نېمەت بولمامدۇ!؟ ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتى سورالماستىن ۋە ئارزۇ قىلىنماستىن بېرىلمەيدۇ. يامان ئىشلارغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تەرەپكە قايتقان كىشىنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ».

(سۈرە رەئد 27 - ئايەت)

ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى خالىمىغان، ئۆز نەپسىنىڭ قىڭغىر يوللىرىغا رازى بولۇپ ئاللاھ تەرەپكە قايتمىغان كىشىلەرنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

(سۈرە تەۋبە 19 - ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ».

(سۈرە تەۋبە 24 - ئايەت)

س: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا زىت كېلەمدۇ؟

ج: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ، كىشىگە يەتكەن ياخشىلىق - يامانلىق، مۇسىبەت - خۇشاللىق، پايدا - زىيان، شۇنداقلا بولۇپ ئۆتكەن ھەرقانداق ئىشنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى دەپ بىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەمما ~~مۇستەقبەلدە~~ كېلىچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى "ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدۇ" دەپ سەۋەب قىلماسلىق ئىنسانىيىنى خاتالىقتۇر. مەسىلەن ئىنساننىڭ رىزقى، ئۇنىڭ ئەجىلى ۋە ياخشىلىق - يامانلىق پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، ئىنسان يەنە رىزىق ئۈچۈن، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سەۋەب قىلمىسا، ئۇ ئىنسانىي جەھەتتىن گۇناھكار بولىدۇ. ئۇ تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن بولىدۇ. ئاللاھ دۇنيادا ھەممە ئىشنى سەۋەبكە باغلىدى. ئاللاھ بەندىلەرنى سەۋەب قىلىشقا بۇيرىدى. ھەر كىشى سەۋەب قىلغىنىغا قاراپ قازىنىدۇ. بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ».

(سۈرە نەجم 39- ئايەت)

س: توغرا يولغا ئېرىشمەسلىك ۋە گۇناھ - يامان ئىشلارنى تەقدىردىن كۆرۈش توغرىمۇ؟

ج: بۇ ئىشلارنى تەقدىردىن كۆرۈش تولىمۇ ئەقىلسىزلىق ۋە ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، مۇقەددەس كىتابلارنى نازىل قىلىپ، بۇ كىتابلار بىلەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى ئېنىق كۆرسەتتى، توغرا يولغا ئېرىشىشكە دەۋەت قىلدى. ئاللاھ ئىنسانغا يول تاللاش ئىختىيارىنى بەردى. لېكىن بەزى ئىنسانلار ھىدايەتتىن زالالەتنى ئۈستۈن كۆرۈپ، ھىدايەت ئۈچۈن ئىزدەنمىدى. بۇ ئۆزىنىڭ ئازغانلىقىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟»

(سۈرە فەجر 8 - 10 - ئايەتلەر)

ئاللاھ مۇشرىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى تەقدىردىن كۆرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار: "ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق، ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق" دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولغۇچە ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (سېنى) مۇشرىكلار

ئىنكار قىلغانلار، مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى».

(سۈرە ئەنئام 148 - 149 - ئايەتلىرى)

يەتتىنچى باب قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

س: قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرىمىز؟

ج: قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ. ھېساب مەيدانىدا ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. بۇ كۈندىكى ھېساپنى ئاللاھ ئۆزى ئالىدۇ. ئاللاھ زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولغان ئىنسانغا شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرسىتىدۇ. زەررىچىلىك گۇناھى بار ئىنسانغا شۇ گۇناھىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. قىيامەت كۈنىنىڭ ھەقلىقى توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۈننىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ھازىرقى زامان تەبىئەت ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىمۇ، دۇنيانىڭ بىر كۈنى پۈتۈنلەي ئاخىر بولۇپ ھەممە نەرسىنىڭ پانىي بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىلنىڭ ۋە ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئاللاھ تائالا قىيامەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى. ئېيتقىنكى، ”ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلار خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر“».

(سۈرە تەغابۇن 7-ئايەت)

س: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش قانداق ھەيئەتتە بولىدۇ؟

ج: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش جان ۋە جەسەت بىلەن بولىدۇ. بۇ ھەرگىز قىيىن سانالىدىغان ئىش ئەمەس. ئىنساننى يوقتىن يەردىن بار قىلغان ئاللاھ، گەرچە ئۇنىڭ جەسىتى كۆيۈپ كۈل بولۇپ، ھاۋاغا سورۇلۇپ كەتكەن بولسۇن، ياكى ئېزىلىپ كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتسۇن، ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتسۇن، ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابمەنىدىن ياراتتۇق، ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق سانىناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى. ئۇ: ”چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟“ دېدى. ئېيتقىنكى، ”ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر“».

(سۈرە ياسىن 77-78-79-ئايەتلىرى)

سو: قەبرىدىكى تىرىلىشكە قانداق ئىمان كەلتۈرىسىز؟

ج: قەبرىدىكى تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈش مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسىدىكى بىر ۋاجىبتۇر. قەبرىدىكى تىرىلىش ۋە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىشى ھەقتۇر.

سو: قەبرىدە نېمە دەپ سورىلىدۇ؟

ج: مېيىت دەپنە قىلىنىپ، ھەمراھلىرى قايتقاندىن كېيىن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتە قەبرىگە ھازىر بولۇپ، مېيىتنى ياتقان يېرىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن، رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ. مېيىت ئەگەر مۆمىن بولسا، بۇ سوئاللارغا، رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر جايىنى كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئورنۇڭ بۇ ئىدى، ئاللاھ سېنىڭ ئىمانىڭ تۈپەيلىدىن ئۇنى جەننەتكە يۆتكىدى دەپ جەننەتتىكى بىر جايىنى كۆرسىتىدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاخقا قارىتىپ قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇستەھكەم تۇرغۇزىدۇ»

(سۈرە ئىبراھىم 27-)

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەتنى قەبرىدىكى سوراق سوئال توغرۇلۇق نازىل بولغان ئايەت، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

سو: قەبرىنىڭ ئازابى كىملەرگە بولىدۇ؟

ج: قەبرىنىڭ ئازابى كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا ئوخشاش بولىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قەبرىگە كۆمۈلمىسۇن، كۆيۈپ كۈل بولسۇن ياكى قۇرۇپ تۈگىسۇن ئاللاھ ھەر ھالەتتە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە جەسەتلىرىنى ئازابلاشقا قادىردۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈندە "پىرئەۋن جامائەسىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخقا) كىرگۈزۈڭلار" دېيىلىدۇ».

(سۈرە غافىر 46-ئايەت)

سو: بەرزەخ ئالىمى دېگەن قايسى؟

ج: بەرزەخ — بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاخىرەتكە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئالەم دېمەكتۇر. ئۆلۈكلەر تا قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر بەرزەخ ئالەمدە

ياشايدۇ. ئىنسان تۆت خىل ئالەمدە ياشاشنى كەچۈرىدۇ، ئۇلار:

1- قاراڭغۇلۇق ئالىمى (يەنى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ئالەم)،

2- دۇنيا ئالىمى،

3- بەرزەخ ئالىمى،

4- ئاخىرەت ئالىمى. ئاخىرەت ئالىمىنىڭ تۈگىشى يوقتۇر.

س: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

ج: قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللادىن باشقا ھېچبىر كىشى بىلمەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. قىيامەت ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئەھلىگە ئېغىر توختايدۇ. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ» (سۈرە ئەئراف 187 - ئايەت)

قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

س: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

ج: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى: كىچىك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

كىچىك ئالامەتلىرى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىكنىڭ تاماملىنىشى، لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىش باشقۇرۇشى، يالاڭئاياغلارنىڭ ئېگىز قەسىرلەرگە ئېرىشىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، پاھىشە-يامان ئىشلارنىڭ تارقىلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، زىنا ۋە ھاراقنىڭ كۆپىيىشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى ھەتتا بىر ئەركىشىگە ئەللىك ئايال توغرا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. يەھۇدىلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا بىرەر يەھۇدىي (قاچقىلى يەر تاپالماي) تاشنىڭ ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا

تاش ۋە دەرەختمۇ زۇۋان كىلىپ «ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار، كەل ئۇنى ئۆلتۈر» دەيدۇ، ۋە ئۆلتۈرىدۇ. پەقەت غەرقەد دېگەن يەھۇدىي دەرەخىدىنلا زۇۋان كەلمەيدۇ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت قاچان بولىدۇ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن: "ئامانەت يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ". ئامانەت قانداق يوقىلىدۇ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "لاياقەتسىز كىشىلەر ئىش باشقۇرغاندا" دەپ جاۋاب بەرگەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «دېدەكنىڭ ئۆز خوجىسىنى تۇغۇشى، پادىچى، يالىڭتۆشلەرنىڭ ئېگىز ئىمارەتلەرگە ئىگە بولۇشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».

قىيامەتنىڭ بۈيۈك ئالامەتلىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - دەججالنىڭ چىقىشى. دەججال چىقىپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە دەججالنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشنى تەۋسىيە قىلغان.

2 - ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى. ئىسا ئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئاسماندىن چۈشۈپ، يەر يۈزىدە ئىسلام شەرىئىتىنى قايتا گۈللەندۈرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

3 - قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى. قۇياش مەغرىبتىن چىقىشى بىلەن تەۋبە ۋە ئىماننىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ، يەنى ئۇ ۋاقىتتا قىلىنغان تەۋبە ۋە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياش مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ».
(سۈرە ئەنئام 158 - ئايەت)

بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتنىڭ ئون ئالامىتىنى سانىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلار: تۈتۈن كېلىپ يەريۈزىنى قاپلىشى، دەججالنىڭ چىقىشى، ئۇنۇلمىغان بىر ھايۋاننىڭ چىقىشى، قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەجۇج ۋە مەجۇجلارنىڭ چىقىشى، كۈننىڭ مەشرىقتا بىر قېتىم مەغرىبتا بىر قېتىم ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىم تۇتۇلۇشى، يەمەندىن ئوت كېلىپ كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

س: قىيامەت قانداق باشلىنىدۇ؟

ج: قىيامەت، كائىناتتا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ئاسماننىڭ يېرىلىشى، يۇلتۇزلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ يوقىلىپ كېتىشى، زېمىننىڭ تەۋرەپ پارچە-پارچە بولۇپ كېتىشى، تاغلارنىڭ تەۋرەپ بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىشى قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ باشلىنىشى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈندە زېمىن باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ». (سۈرە ئىبراھىم 48-ئايەت)

~~(سۈرە ئىبراھىم 48-ئايەت)~~

س: بەئس دېگەن نېمە؟

ج: بەئس — قىيامەت قائىم بولغان كۈنى، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۇرنى چالغاندىن كېيىن، پۈتۈن خالايىقلارنىڭ تىرىلىشى بەئس دېيىلىدۇ.

ئاللاھ كاپىرلارنىڭ بۇ كۈندىكى ھەيرانلىقىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: ‹ۋاي ئىسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى› دەيدۇ». (سۈرە ياسىن 52-ئايەت)

س: ھەشر — دېگەن نېمە؟

ج: ھەشر — قىيامەت كۈنى خالايىقلار تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن قوزغىلىپ، ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشى ھەشر دېيىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت بىلەن يىغىمىز، گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز».

(سۈرە مەريەم 85-86-ئايەتلەر)

س: مىزان دېگەن نېمە؟

ج: مىزان — قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرى تارتىلىدىغان تارازا دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى قويىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ئەگەر قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ ئۇنى ھازىر قىلىمىز، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز».

(سۈرە ئەنبىيا 47-ئايەت)

س: ھېساب دېگەن نېمە؟

ج: ھېساب — بەندىلەرگە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نامە-ئەماللىرىنى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «نامە-ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال قايتىدۇ. نامە-ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم "ۋاي، ھالاك" دەپ توۋلايدۇ، دېگەن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ».

(سۈرە ئىنشىقاق 7-11-ئايەتلىرى)

جازا — دېگەن نېمە؟

جازا — بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە بېرىلگەن مۇكاپات-ئىقاب قىلىنىشى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ».

(سۈرە نۇر 25-ئايەت)

س: سىرات دېگەن نېمە؟

ج: سىرات — جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، خالايىقلار ھېساب مەيدانىدىن ئايىغى شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتكە ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىدۇ. جەھەننەمگە مەنسۇپ بولغانلار كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دوزاخقا يولۇقمايدىغان بىرەر كىشى قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن تەقۋادارلارنى جەھەننەمدىن قۇتقۇزىمىز. زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز».

(سۈرە مەريەم 71-72-ئايەتلىرى)

س: جەھەننەم (يەنى دوزاخ) قانداق جاي؟

ج: جەھەننەم — كاپىرلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىيلارنىڭ بارىدىغان مەنزىلگاھىدۇر، ئۇ دەھشەتلىك ئوتتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسانلار ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قوپال پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار».

(سۈرە تەھرىم 6-ئايەت)

س: جەننەت قانداق جاي؟

ج: جەننەت — باغ-بوستانلىق گۈزەل باغچە بولۇپ، ئۇ